مۇقەددەس كىتاب

# يۇھاننا

يازغان

ئۆچىنچى خەت

64

# يۇھاننا يازغان
# ئۈچىنچى خەت

مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
(ئىنجىل)
25-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# يۇھاننا يازغان ئۈچىنچى خەت

## گايۇسقا سالام

1 [1] مەن، ئاقساقالدىن، ئۆزۈم ھەقىقەتتە دوست تۇتقان ئامراق گايۇسقا سالام.
[2] ئەي ئامرىقىم، جېنىڭ سائادەتلىك ھالدا بولغاندەك تېنىچ ۋە ساغلام تۇرۇشۇڭنى ئارزۇ
قىلىمەن. [3] بۇرادەرلەر كېلىپ سەندىكى ھەقىقەت توغرىسىدىن خەۋەر بەرگەندە، تولا خۇش
بولدۇم، چۈنكى ھەقىقەتتە يۈرىسەن. [4] باللىرىمنىڭ ھەقىقەتتە يۈرگىنىنى ئاڭلىماقتىن
چوڭراق خۇشلۇقۇم يوقتۇر.

## خۇدانىڭ خىزمەتكارلىرىنى قوبۇل قىلىش

[5] ئەي ئامرىقىم، بۇرادەرلەرگە ھەرنېمە قىلساڭ ساداقەتلىك بىلەن قىلىسەن. ئۇلار غېرىب
بولسىمۇ، ئۇلارغا شۇنداق قىلىسەن. [6] ئۇلار جامائەتنىڭ ئالدىدا سېنىڭ مۇھەببىتىڭ
توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلارنى خۇداغا لايىق بولغۇدەك سەپىرىگە ئۇزىتىپ قويساڭ،
ياخشى قىلغان بولىسەن. [7] چۈنكى ئۇلار تائىپىلەردىن ھېچنېمە ئالماي، ئۇنىڭ ئىسمى ئۈچۈن
يولغا چىقتى. [8] شۇڭا، شۇنداقلار بىلەن ھەقىقەت يولىدا ھەمكارلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى
قوبۇل قىلماق بىزگە ۋاجىپتۇر.

## دىئوترىپپىس ۋە دىمىترىيۇس

[9] جامائەتكە خەت پۈتتۈم. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنچى بولماقنى خالىغان دىئوترىپپىس
بىزنى قوبۇل قىلمايدۇ. [10] ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن كەلسەم، ئۇنىڭ بىزگە قارشى ئەمەللەر قىلىپ
ئۇستىمىزدە يامان سۆز بىلەن غەيۋەت قىلغىنىنى كۆرسىتەي. ئۇ ئۆزى بۇرادەرلەرنى قوبۇل
قىلمىغىنى بىلەن توختىماي، بەلكى قوبۇل قىلغىلى خالىغانلارنى توسۇپ، ئۇلارنى جامائەتتىن
چىقىرىدۇ.
[11] ئەي ئامرىقىم، يامانلىققا ئەگەشمەي، ياخشىلىققا ئەگەشكىن. كىمكى ياخشىلىق قىلسا،
خۇدادىندۇر ۋە كىمكى يامانلىق قىلسا، خۇدانى كۆرمىگەندۇر. [12] دىمىترىيۇس ھەممىلەردىن
ۋە ھەقىقەت ئۆزىدىن ھەم ياخشى گۇۋاھلىق تاپقان ۋە بىز ھەم گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە
گۇۋاھلىقىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

## ئاخىرقى سالاملار

13 ساڭا پۈتكىلى تولا نەرسەم بار ئىدى، لېكىن ساڭا سىياھ ۋە قەلەم بىلەن پۈتكىلى خالىمىدىم.
14 لېكىن ئۈمىد قىلىمەنكى، ئۆزۈم پات پۇرسەتتە سېنى كۆرۈپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا
سۆزلەشكەيمىز. 15 ساڭا ئامانلىق بولغاي. دوستلىرىڭ ساڭا سالام ئېيتىدۇ. دوستلارغا ئۆز
ئىسىملىرى بويىچە سالام ئېيتقىن.